# 217409 - توغرا بولمىغان مۇھىتتا پەرزەنت تەربىيلەش توغرىسىدا

## سوئال

مەن ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىشقا ئۇرىنىمەن، لېكىن ئايالىم ئىسلام توغرىسىدا بەزى ناچار نەرسىلەرنى دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرىنىمەن، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوقۇغان مەن بولسام تولۇق ئوقۇمىغان، مەن دائىم دىنىمنى ئۆگىنىشكە ۋە قۇرئان-ھەدىسنى چۈشىنىشكە ئۇرىنىمەن، لېكىن ئاخىرىدا تولۇق نەتىجە قازىنالمايمەن، مېنىڭ ئالتە بالام بولۇپ كىچىكى توققۇز ياشنىڭ ئاستىدا، چوڭى ئون ئۈچ ياشنىڭ ئۈستىدە، مەن قانداق قىلغاندا دىنى تەلىماتلارغا بەك ئەمەل قىلىدىغان بولالايمەن؟، قانداق قىلغاندا بۇ تەلىماتلارنى پەرزەنتلىرىمنىڭ دىلىغا ئورناشتۇرىمەن؟، چۈنكى ئائىلىدىكى چوڭلار نامازنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ، بۇ ئىش بەزى ۋاقىتتا مېنىڭ ئىرادەمنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ؟. بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىنسان دىنىدىن ۋە دىنى تەلىم تەربىيەدىن ھەرقانچە يىراقلىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىلىدا ياخشىلىق ئۇرۇقى ۋە توغرا ئاڭ ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇنى قوزغايدىغان ۋە ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان بىرىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇنى دىنىي دەۋەت قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەن باشلايدۇ.

ئايالىڭىزنىڭ ئوقۇغانلىقى ئۇنى خاتالىق ۋە ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇڭ، بۇ توغرىدا ئاللاھدىن ياردەم تىلەڭ، ئاللاھ سىزگە كۇپايە قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ تائالادىن ئايالىڭىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىلىنى ھەقنى كۆرىدىغان نۇر بىلەن يورۇتىشنى ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى رىزىق قىلىپ بېرىشنى سوراڭ.

ئايالىڭىز ئوقۇغان ئىكەن، ئۇنىڭغا بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇشى ئۈچۈن ئىلمى ۋە دىنى كىتابلارنى ياكى ئۇنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ئۈيغۇن كېلىدىغان پايدىلىق ماقالىلارنى تولۇقلاپ بېرىشكە ئۇرۇنۇڭ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن ئايالىڭىزنىڭ دىلىنى ئېچىۋېتىدۇ، سىز ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلسىڭىز ۋە كېرەكلىك سەۋەبلەرنى قىلسىڭىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىڭىزنى ھەرگىزمۇ بوشقا كەتكۈزمەيدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا سىز كىتابلار بىلەن بىرگە سىرەتلىك سىنئالغۇ فىلىملىرى، ئاۋازلىق ۋەز-نەسىھەت ۋە دەرسلىكلەر بولۇپمۇ ئايالىڭىز ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ياكى ئىھتىرام قىلىدىغان شەيخلەرنىڭ لىنتىلىرىنى كەلتۈرۈپ قويۇڭ.

ئى ئاللاھنىڭ قۇلى! شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ھازىر كاتتا جىھادتا تۇرىۋاتىسىز، دىنىنى قوغداش، ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتىنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىر مۇھىتتا، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە مىللى كىملىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەيداندا تۇرىۋاتىسىز، ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدە ۋە ئائىلىمىزدە ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىسىز، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجىر-ساۋابىڭىز سىزنىڭ قىلغان تىرىشچانلىقىڭىز، ھەسسىڭىز ۋە تارتقان جاپالىرىڭىزنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ.

سىز پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ دىلىغا دىنىنى ۋە دىنى تەلىماتلارنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھەببەت ئۇرۇقىنى تىرىشىسىڭىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك:

1-ھەر كۈنى پەرزەنتلىرىڭىزگە ۋاقتىڭىزدىن كۆپرەك ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈكلىكى، تەلىماتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دىللارنى نۇرلاندۇرىدىغان گۈزەل سىيرەتلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىڭ، چۈنكى ئىنسانىنىڭ كۆڭلى بۇنداق ۋەقەلەرنى ئاڭلاشقا بەك ئىشتىياق بولىدۇ، ئۇلارغا بەك يېقىن بولۇڭ، سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىزغا يېقىن بولىشىڭىز، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارغا كۆپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە سىز ئۇلارغا ئۈلگە بولىسىز.

2-ئۆيىڭىزدە بىر تام دوسكىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى، ھەدىس شىرىپلەر ۋە دىنى تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈزەل ئىبارىلەرنى يېزىپ قويۇڭ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ خەتلەرنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ، بۇنى ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئوقۇسا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشى نەتىجىلەر ھاسىل بولىدۇ، بۇمۇ بىۋاستە بولمىغان نەسىھەتنىڭ يولىدۇر.

3-سىزنىڭ ھەر كۈنى پەرزەنتلىرىڭىز بىلەن قۇرئان كەرىمدىن مەلۇم مىقداردا ئوقۇش ئادىتى يېتىلسۇن چۈنكى قۇرئان كەرىم دېگەن نۇر ۋە ھىدايەتتۇر.

4-ئىسلامى ئىپادىلەرنى ئىشلىتىشكە تىرىشىڭ، ئۇلارنى ئىسلامى ئەدەپ-ئەخلاق سۆزلىرىنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈڭ، يەمەك-ئىچمەك، ئۇخلاش، تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك ۋاقىتلارغا ئالاقىدار بولغان زىكىر-دۇئالارنى تەلىم بېرىڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.